# توڭگۇز گۆشىغا ئىشلىتىلگەن نەرسىلەرنى قوللانغىلى بولامدۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

# حكم نجاسة لحم الخنزير

[باللغة الأويغورية]

المفتي: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات
ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة
بمدينة الرياض

1430 – 2009

islamhouse.com

# توڭگۇز گۆشىغا ئىشلىتىلگەن نەرسىلەرنى قوللانغىلى بولامدۇ؟

10528 ـ نومۇرلۇق سوئال

مەن توڭگۇز گۆشىنى كەسكەن پىچاق، قازان، تەخسە ـ قوشۇقلارنى يەتتە قېتىم سۇ بىلەن بىر قېتىم توپا ياكى قۇم بىلەن يۇيۇش كېرەك دەپ ئاڭلىدىم، بۇ توغرىمۇ؟ بۇ قايسى ھەدىستىن ئېلىنغان ھۆكۈم؟ بۇنى سوپۇن بىلەن بىر قېتىم يۇسا پاكىز بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

توڭگۇز گۆشى ھارام بولۇپ بۇ گۆشنى ۋە مايلىرىنى ۋە باشقا ھەممە نەرسىلىرىنى يېيىش چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى». سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلار توڭگۇزنىڭ ھەممە يېرىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەركىبىدە زىيانلىق مىكروبلار ۋە نىجىس ـ پاسكىنا ماددىلار بولغانلىقتىن ھارام قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر». سۈرە ئەنئام 145 ـ ئايەت. چوشقا گۆشى تەركىبىدە كېسەللىكلەر بولۇپ كىشىلەر

ئىلىم-مەرىپەتتە تەرەققى قىلغانسېرى چوشقا گۆشىنى يېيىش سەۋەبلىك بارلىققا كىلىدىغان ھەر تۈرلۈك يېڭى كېسەللەرنى بايقاپ چىقتى.

مۇسۇلمان كىشى ھارامدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنداق پاسكىنا نەرسىلەر ئىستىمال قىلىنىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

ئەمما توڭگۇز گۆشىغا ئىشلىتىلگەن قاچا- قوشۇق ۋە پىچاقلارنى ياخشىلاپ سوپۇن بىلەن بىر قېتىم پاكىزە يۇيۇۋېتىپ قوللانسا بولىدۇ. توڭگۇزنىڭ نىجاسىتى باشقا نىجاسەتلەرگە ئوخشاش بولۇپ بۇنى يەتتە قېتىم سۇ بىلەن بىر قېتىم قۇم-توپا بىلەن يۇيۇش ھەققىدە ئوچۇق دەلىل يوق.

ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.